ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق



# جياڭ ھەدە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق

ياڭ يىيەن

# جياڭ ھەدە

تەرجىمە قىلغۇچى: ھەزرىتئېلى بارات

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

江姐/杨益言编著．艾孜热提艾力译．—乌鲁木齐：新疆人民出版社，2006.5(2007.4重印)
(少年红色经典)
ISBN 978-7-228-10133-7

Ⅰ.江… Ⅱ.①杨…②艾… Ⅲ.儿童文学—革命故事—中国—当代—维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ.I287.5

中国版本图书馆 CIP 数据核字(2006)第049271号

策　　划：艾克巴尔·艾力
责任编辑：依明江·艾木都拉
责任校对：阿孜古丽·克力木

**江姐**（维吾尔文）

艾孜热提艾力·巴拉提　译

新疆人民出版社出版
（乌鲁木齐市解放南路348号　邮编：830001）
新疆新华书店发行
新疆新华印刷二厂印刷
880×1230毫米　32开本　5.375印张　2插页
2006年7月第1版　2009年2月第2次印刷
印数：4061—8060

ISBN 978-7-228-10133-7　定价：9.00元

بۇ كىتاب 21 ـ ئەسىر نەشرىياتىنىڭ 2004 ـ يىلى9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2004 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据二十一世纪出版社 2004 年 9 月第 1 版,2004 年 9 月第 1 次印刷本翻译出版。

پىلانلىغۇچى: ئەكبەر ئېلى
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئىمىنجان ھەمدۇللا
مەسئۇل كوررېكتورى: ئارزىگۇل كېرەم

# جياڭ ھەدە

تەرجىمە قىلغۇچى : ھەزرىتئېلى بارات
*
شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى № 348 )
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا 2 ـ باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى : 880×1230 مىللىمېتىر ، 1/32
باسما تاۋىقى : 5. 375 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2006 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2009 ـ يىلى 2 ـ ئاي 2 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 4061——8060
ISBN 978 — 7 — 228 — 10133 — 7
باھاسى : 9. 00 يۈەن

# كىرىش سۆز

«ئۆسمۈرلەر ئۈچۈن ئىنقىلابىي ئوقۇشلۇق» ناملىق بۇ مەجمۇئە «ئەدەبىي ھېكايىلەر» ۋە «قەھرىمانلار ھەققىدە ھېكايىلەر»دىن ئىبارەت ئىككى تۈركۈمگە بۆلۈنىدۇ. ئالدىنقى تۈركۈمدىكىلىرى ئىجادىي ئەدەبىي ئەسەرلەر، كېيىنكى تۈركۈمدىكىلىرىنىڭ كۆپىنچىسى رېئال شەخسلەر ھەققىدىكى خاتىرىلەردۇر. ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 50 ـ ، 60 ـ يىللىرىدىن بېرى، پۈتكۈل جەمئىيەت، بولۇپمۇ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر بۇ ئەسەرلەردىكى قەھرىمانلارنىڭ مەيلى بەدىئىي ئوبرازىغا بولسۇن ياكى تۇرمۇشتىكى ئەسلىي قىياپىتىگە بولسۇن، ئىزچىل چوقۇنۇپ ۋە ئۇلارنى چوڭقۇر ياد ئېتىپ كەلدى. قەھرىمانلارنىڭ باتۇرانە ئىش ـ ئىزلىرى نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرگە تەسىر كۆرسىتىپ، ئۇلارنىڭ مەنىۋى تۈۋرۈكىگە ۋە ھەرىكەت ئۆلچىمىگە ئايلاندى.

بۇ مەجمۇئەگە جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى رەھبەرلىكىدىكى ئىنقىلابىي ئۇرۇش يىللىرىدا كۈچلۈك تەسىر قوزغىغان قەھرىمانلار ھەققىدىكى ھېكايىلەر ۋە ئالاقىدار ژانىرلاردىكى ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە ئەدەبىي ئەسەرلەر تاللاپ كىرگۈزۈلدى. بۇ ئەسەرلەردە ئىنقىلابىي خەلقنىڭ ئاجايىپ ئەقىل ـ پاراسىتى، باتۇر ـ قەيسەرلىكى نامايان قىلىنىدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك، ئىنقىلابىي قەھرىمانلىقتىن ئىبارەت تارىخىي ئاڭ كۈچلۈك تەشۋىق قىلىنىدۇ. پېرسوناژلارنىڭ خاراكتېرى روشەن، ھېسسىياتى

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

ساددا ھەم كۆچلۈك، ۋەقەلىكى ئېنىق ھەم چۈشىنىشلىك، تىوقىۇ-نۇشى جىددىي ھەم كەسكىن، تىلى جانلىق ھەم ئاممىباپ، ئۇسلۇبى ساغلام ھەم يارقىن، بۇ ئەسەرلەرنىڭ ھەممىسى ھەققانىيەت رەزىلە-لىك ئۈستىدىن غالىب كېلىش بىلەن تاماملىنىدۇ، پېرسوناژلار-نىڭ تەقدىرى دۆلەتنىڭ، مىللەتنىڭ تەقدىرىگە زىچ باغلىنىدۇ. بۇ ئەسەرلەر ھەقىقىي تارىخ ئاساسىدا يېزىلغان، ئاپتورنىڭ مۇكەممەل تۈرمۈش تەسىراتى، تولۇپ تاشقان ئىجادىيەت قىزغىنلىقى ۋە تاۋار ئىگىلىكى شامىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىماسلىقتەك جىددىي ئىجا-دىيەت پوزىتسىيىسى ئەسەرلەرنىڭ يېڭىلىق تۈيغۇسى ۋە ئوقۇش-چانلىقىنى تېخىمۇ ئاشۇرغان. ئەسەرلەرنىڭ روشەن دەۋر ئالاھىدى-لىكى ۋە ئوقۇرمەنلەرنىڭ زوقىنى تارتىدىغان قويۇق مىللىي ئۇس-لۇبىدىن ئۇزاق مۇددەتلىك بەدىئىي ھاياتىي كۈچ تەپچىپ تۇرىدۇ، ئۇ ئورنىنى ئىگىلىگىلى بولمايدىغان تەربىيىلەش رولىغا، ئېستې-تىك رولىغا ئىگە. مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، بۇ ئەسەرلەرنى «ئىنقىلا-بىي ئوقۇشلۇق» دەپ ئاتاش قىلچە ئارتۇق كەتمەيدۇ.

مېڭزى: «مۇكەممەللىك گۈزەللىكتۇر» دەپتىكەن. قەھرى-مانلارنىڭ روھىي دۇنياسى ئۇلۇغۋار غايە، مۇستەھكەم ئېتىقاد، بېرىلىپ ئىزدىنىش، غەرەزسىز تۆھپە قوشۇش روھى ئارقىلىق تاكامۇللىشىدۇ. كوچا ناخشىلىرىنى ئېيتىپ، كارتون فىلىم، ھەجۋىي رەسىملەرنى كۆرۈپ، كومپيۇتېر ئويۇنلىرىنى ئويناپ چوڭ بولغان ئەۋلادلارنى تارىخنى چۈشىنىش، قەھرىمانلارغا يېقىن-لىشىش، مەسئۇلىيىتى ئۈستىدە ئويلىنىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلالىساق، ئۆزىمىزمۇ ئىستىقبالىمىزنى تاپقان بولىمىز، ئىنى-قىلابىي ئەنئەنە ئۇلۇغ بايرىقىنى مەڭگۈ جەۋلان قىلدۇرۇپ، ئۆز-لۈكسىز دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىيەلىسەك، مىللىتىمىزمۇ ئۈ-مىدكە تولغان بولىدۇ.

# مۇندەرىجە

ئۇنىڭ ئائىلىسى ....................................1
ئۇ بالىلىق دەۋرىدە ماڭغان يول ....................................6
يېتىم بالىلار مەكتىپىدىكى سىنىپ ئاتلاپ ئوقۇغان
ئوقۇغۇچى ....................................12
ئۇنىڭ ياخشى ساۋاقدىشى خې لىلى ....................................17
دىڭ مۇئەللىم ....................................19
ئۇمىد ....................................27
ئۇنىڭ ئىنقىلابىي يولباشچىسى ....................................32
يېڭى شەھەر رايونلۇق كومىتېت ھەيئىتى ....................................42
جياڭ ھەدە ....................................49
«پېڭ خانىم» ....................................53
تاسادىپىيلىق ....................................59
مۇستەقىل كۆرەش قىلىش ....................................63
ئۇنىۋېرسىتېت ھاياتى ....................................67
قارا بوران ....................................71
ئىككىنچى ئۇرۇش لىنىيىسى ....................................75
«ئالغا گېزىتى» ....................................82
ئالاقىچى ....................................87
«جياڭ ھەدە، سىز نېمە ئۈچۈن» ....................................93
«جياڭ ھەدە، سىز قەيەرگە بارماقچى» ....................................98
تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش ....................................104
«كوممۇنىستلارنىڭ ئىرادىسى پولاتتەك چىڭ» ....................................110

قاراڭغۇ تۈرمىدىكى ناخشا ساداسى ........119
بوران - چاپقۇن ........124
«كېيىنكى ئەۋلادلارنى ئازابتىن خالاس قىلىش ئۈچۈن» ......130
تاڭ نۇرى ........134
يېڭى ماكان ........141
قىيىن مەسىلە ........145
تەدبىر ........152
خوشلىشىش ........155
غەلىبە بىلەن قۇربان بولۇش بىللە كەلگەن پەيتتە ........160

# ئۇنىڭ ئائىلىسى

جياڭ ھەدىنىڭ ئەسلىي ئىسمى جياڭ جۇجۈن بولۇپ، يۇرتى سىچۈەن ئۆلكىسىنىڭ زىگۇڭ شەھىرى داشەنپۇ جۇجياگودا ئىدى.

ئۇ يوللىرى ئېگىز - پەس، ئوڭغۇل - دوڭغۇل بىر جاي ئىدى. ئەتراپىنى قاتمۇقات تاغلار، بۇك - باراقسان ئورمانلار ئوراپ تۇراتتى، مەنزىرىسى تولىمۇ گۈزەل ئىدى. سۈپسۈزۈك ئۆستەڭ سۈيى بامبۇكزارلىقنى كېسىپ ئۆتۈپ كېچە - كۈندۈز توختىماي يىراقلارغا ئېقىپ كېتەتتى. جياڭ جۇجۈن جۇجياگودىكى ئىككى ئېغىز كونا كەپىدە دۇنياغا كەلدى.

ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى جياڭ شاڭلىن، ئانىسىنىڭ ئىسمى لى شۈنخۇا ئىدى. دادىسى ئىش خوشياقمايدىغان، ئەتىگەندىن كەچكىچە ھېچ ئىش قىلماي لاغايلاپ يۈرىدىغان بىكار تەلەت ئادەم ئىدى. ئۇ لى شۈنخۇا بىلەن توي قىلىپ ئۇزۇن ئۆتمەي ئۆيىنى تاشلاپ، چۇڭچىڭ قاتارلىق جايلارغا سەرگەردان بولۇپ چىقىپ كەتتى.ئۇ ھېلىدىن - ھېلىغا خىزمەت ئالماشتۇراتتى، ئەمما ئىشلىگەن جايىدا ئۇزۇن تۇرمايلا يەنە باشقا جايلارغا كېتىپ قالاتتى. ئۇ ئۆيىگە 4 - 5 يىلدا بىر كېلەتتى، كەلسىمۇ ئۇزۇن تۇرماي يەنە كېتىپ قالاتتى. جياڭ جۇجۈن ئېسىنى بىلگۈدەك چېغىدىن باشلاپلا ئاپىسى لى شۈنخۇاغا ئەگىشىپ چوڭ بولغانل-

قىنىلا بىلەتتى.

لى شۇنخۇانىڭ دادىسىنىڭ ئىسمى لى خۇەنجاڭ بولۇپ، ياغاچچى ئىدى، جۇجياگوغا ئانچە يىراق بولمىغان گۇەنداۋشىدا تۇراتتى. لى خۇەنجاڭنىڭ سەككىز قىزى بار ئىدى، ياغاچچىلىقتىن كىرگەن كىرىمى بىلەن بۇ سەككىز جاننى باقماق تولىمۇ تەس ئىدى. ئۇنىڭ بالىلىرى يېشىنىڭ چوڭ - كىچىك بولۇشىغا قارىماي، كىچىكىدىن تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە ئۇيان - بۇيانغا چېپىپ يۈرۈپ، بەزىلىرى كوچىدا «قەندالەت» ساتسا، بەزىلىرى كۆكتات شۆپۈكلىرى، كۆمۈر ئۇۋۇندىلىرىنى تېرىپ كېلىپ، ئائىلىسىنىڭ يۈكىنى يەڭگىللىتەتتى.

لى شۇنخۇا 1895 - يىلى تۇغۇلغان. ئۇ چاغدا جۇڭگو چىڭ پادىشاھلىقىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا بولۇپ، يېرىم فېئوداللىق، يېرىم مۇستەملىكە جەمئىيىتىدە تۇرۇۋاتاتتى. تاشقى كۈچلەرنىڭ تاجاۋۇز قىلىپ كىرىشىگە ئەگىشىپ، ئەجنەبىيلەر زىلىۋجىڭغا كېلىپ چېركاۋ قۇرۇپ، خىرىستىيان دىنىنى تارقاتتى. لى خۇەنجاڭ چېركاۋدا مەدىكارچىلىق قىلدى. ئۇ ناھايىتى قۇلىقى يۇمشاق ۋە ئىشچان بولغاچقا، پوپىنىڭ ئېتىبارىغا ئېرىشىپ چېركاۋنىڭ قارا ئىشىنى قىلدى، ئىشىك باقارلىق قىلدى. شۇنىڭ بىلەن، ئائىلىسىنىڭ ھال - كۈنى سەل ياخشىلىنىپ، قىزلىرىنى مەكتەپتە ئوقۇتۇش پۇرسىتىگە ئېرىشتى. ئەمما، لى شۇنخۇا ئاران ئىككى يىللا ئوقۇيالىدى. ئۇ 18 ياشقا توشماي تۇرۇپلا، دادىسى ئۇنى جياڭ ئائىلىسىگە ياتلىق قىلىۋەتتى.

جياڭ جۇجۇەن ئىككى ياشقا كىرگەندە، ئىنىسى جياڭ جېڭباڭ تۇغۇلدى. ئاپىسى ئۆزى يالغۇز ئۇ ئىككىسىنى باقاتتى، تۇرمۇشى ئىنتايىن قىيىنچىلىق ئىچىدە ئۆتەتتى. كىچىكىدە ئۇ ئىنىسىنى ئەگەشتۈرۈپ ئوينىتاتتى. يېشى سەل چوڭايغاندىن كې-

يىن، ئانىسىغا ئەگىشىپ ئېتىزغا چىقىپ، چۆپ ئورۇش، ئاشلىق ئادالاشتەك ئىشلارنى قىلاتتى، ئۆيدە بولسا ئانىسىنىڭ تاماق ئېتىش، چوشقىغا ئاداپ قايىنىتىشتەك ئىشلىرىغا ياردەملىشەتتى.

يېشى يەنىمۇ چوڭايغاندىن كېيىن، باشقىلارنىڭ بالىلىرىنىڭ مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلىقىنى كۆرۈپ، ئۇنىڭمۇ مەكتەپتە ئوقۇغۇسى كەلدى. ئەمما ئاپىسىنىڭ شۇنچە جاپا تارتىۋاتقانلىقىنى كۆرسىلا، ئانىسىغا ياردەملىشىپ، قولىنى يەڭگىللىتىشنى ئويلايتتى.

ئۇ پەقەت مومىسىنىڭ ئۆيىگە بارغان چېغىدىلا ئاندىن ئانچە ـ مۇنچە ئۇنى ـ بۇنى كۆرۈش پۇرسىتىگە ئېرىشەتتى. مومىسى ۋە ھاممىسى كۆزلىرى چوڭ ـ چوڭ، كەمسۆز بۇ قىزنى ياخشى كۆرەتتى. ھاممىسى باشلانغۇچ مەكتەپكىچە ئوقۇغان بولغاچقا، چىڭ سۇلالىسىنىڭ ئاخىرى، مىنگونىڭ باشلىرىدىكى نۇرغۇن ھېكايىلەرنى بىلەتتى. ئۇ ھاممىسىدىن ئاشۇ ھېكايىلەرنى ئاڭلاشقا ئامراق ئىدى. ھاممىسىمۇ ئۇنى دائىم بازارغا ئاچىقىپ ئوينىتىپ، ئۇنىڭغا كوچىدىكى ئاجايىپ ـ غارايىپ ئىشلارنى كۆرسىتەتتى. ئۇ ھەدىسىلا ھاممىسىدىن ئۇنى ـ بۇنى سورايتتى. ئەمما ھاممىسى ئۇنىڭغا ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. بۇنداق ئىشلار ھەقىقەتەن كۆپ ئىدى. ئۇ بۇنداق ئىشلارنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ھەيران ئىدى: نېمە ئۈچۈن بىر سېمىز ئاق تەنلىك چەت ئەللىك ئۆزى ئولتۇرغان تەختىراۋاننى تۆت ئاۋاق جۇڭگولۇققا كۆتۈرتكۈزىدۇ؟ كوچىلارنىڭ ئىككى قاسنىقى ئاچ ـ زېرىنلىقى چىرايىغا چىقىپ كەتكەن، ئورۇقلاپ بىر تېرە بىر ئۇستىخان بولۇپ قالغان تىلەمچىلەر بىلەن توشۇپ كەتكەنيۇ، ئەپيۇنخانا، قىمار يايمىسى نېمە ئۈچۈن بۇنچە كۆپ؟...

جياڭ جۇجۇننىڭ كوچىغا چىقىپ ئوينىغۇسى كېلەتتى،

此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

ئەمما ھەر قېتىم كوچىغا چىقسا، ئاشۇنداق نۇرغۇن سوئاللار كاللىسىغا كىرىۋالاتتى.

ئۇ 1920 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى تۇغۇلدى. مومىسىنىڭ ئۆيىگە ئوينىغىلى بارغاندا ئاران 7 ـ 8 ياشتا بولغاچقا، ئۆزى كۆرگەن ئاشۇ ئىشلارنىڭ يېرىم مۇستەملىكە، يېرىم فېئوداللىق جۇڭگو جەمئىيىتىدىكى ئومۇمىيۈزلۈك ئەھۋال ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. جاھانگىرلار جۇڭگونى چەكسىز ئەزدى ۋە تالان ـ تاراج قىلدى، دۆلەت ئىچىدىكى فېئودال ئارمىيە يىلبويى قالايمىقان ئۇرۇش قىلدى، ئۇلار كەلتۈرۈپ چىقارغان يۈكنىڭ ھەممىسى بىچارە خەلقنىڭ زىممىسىغا چۈشتى. قاۋۇل ئەر كىشىلەر مەجبۇرىي ھەپسىگە تۇتۇلغاندىن سىرت، باج ـ سېلىق ھەسسىلەپ كۆپەيتىلىپ، پۇقرالار نەچچە يىللىق باج ـ سېلىقنى بىر يىلدا تاپشۇرۇشقا مەجبۇر بولدى...

جياڭ جۇجۇن سەككىز ياشقا كىرگەن يىلى يۇرتى كەم ئۇچرايدىغان زور قۇرغاقچىلىق ئاپىتىگە دۇچ كەلدى. يەرلەر چاك ـ چاك يېرىلىپ كەتتى، ئېتىزدىكى مايسا ـ زىرائەتلەر ئوتتەك قۇياشنىڭ تەپتىدە قۇرۇپ خەشەك بولۇپ كەتتى. كىشىلەر يەيدىغان نەرسە تاپالماي، ئاچارچىلىقتا قالدى.

لى شۇنخۇا قۇرغاقچىلىق كارامىتىنى كۆرسىتىۋاتقان بۇ زېمىنغا، قۇرۇپ قاغجىراپ كەتكەن ئېتىزغا قاراپ جۇجۇن بىلەن ئۇنىڭ ئىنىسىنى چىڭ قۇچاقلاپ، ھاياتلىق يولىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى.

بەزىلەر ھاسىلىرىنى توكۇلدىتىپ، قورساقلىرىنى كوركىرىتىپ، يىراقتىكى تۇغقانلىرىنى پاناھ تارتىپ كېتىپ قېلىشتى.

جياڭ جۇجۇننىڭ مومىسى گۇەنداۋشىدىن بۇرۇنلا ئايرىلىپ، چۇڭچىڭدىكى ئۇچىنچى تاغىسى لى يىمىڭنىڭ ئۆيىگە كۆچۈپ

كەتكەنىدى. مومىسى خەت يېزىپ، ئۆلارنى چۆڭچىڭغا كېلىشكە چاقىردى.

ئۆچىنچى تاغىسى لى يىمىڭنىڭ ئائىلىسى بۆ نامرات تۇٴغقاذ-لمرىنى سىغدۆرالارمۆ؟ چۆڭچىڭدا يەنە باشقا چىقىش يولى بارمۆ؟ لى شۆنخۋا بۆلارغا جاۋاب بېرەلمەيتتى، ئەمما ئۆنىڭ چۆڭچىڭغا بارماي ئامالى يوق ئىدى. ئۆ ئىككى بالىسىنى ئېلىپ يۆرتى جۆجياگودىن ئايرىلىپ، چاڭجياڭ دەرياسى بويىدىكى چوڭ شەھەر چۆڭچىڭغا قاراپ تامان يۆرۆپ كەتتى.

# ئۇ بالىلىق دەۋرىدە ماڭغان يول

جياڭ جۇجۇن ئانىسىغا ئەگىشىپ، ئىنىسىنى ئېلىپ، ھېرىپ - چارچىغان ئاجىز تېنىنى سۆرەپ ئاخىر چۇڭچىڭغا كەلدى. ئۈچىنچى تاغىسىنىڭ ئۆيىنى تېپىپ مومىسى بىلەن يۈز كۆرۈشتى.

مومىسى ئۇلارنى كۆرۈپ، خۇشاللىقىدىن ئىختىيارسىز يىغلاپ تاشلىدى. جياڭ جۇجۇن مومىسىنىڭ ئۆزىنى تولىمۇ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئەمما ئۇ ئۈچىنچى تاغىسىنىڭ ئۆيىنىڭ مومىسىنىڭ ئۆيى ئەمەسلىكىنى، تاغىسىنىڭ ئۆيىدە مومىسى يەنىلا تاغىسى ۋە تاغىسىنىڭ ئايالىنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى. ئۈچىنچى تاغىسى ۋە ھاممىسى خۇددى يات ئادەمدەكلا ئىدى، ئۇلارنىڭ پۇلى ۋە تەسىرى بار كىشىلەر ئىدى. ئانا - بالا ئۈچىنىڭ تۇيۇقسىز كېلىشى ئۇلار ئۈچۈن يۈك بولۇپ قالغانىدى، مومىسى تۇسۇۋالمىغان بولسا، تاغىسى ئۇلارنى ئاللىبۇرۇن قوغلاپ چىقارغان بولاتتى.

ئۈچىنچى تاغىسى لى يىمىڭ لى خۇەنجاڭنىڭ بالىلىرى ئىچىدىكى ئەڭ كىچىكى ئىدى. ئۇ دادىسى لى خۇەنجاڭنىڭ ياردىمى بىلەن دىنىي جەمئىيەتكە سەممىيلىك بىلەن مۇلازىمەت قىلغىنى ئۈچۈن، دىنىي جەمئىيەتنىڭ قوللىشىغا ئېرىشىپ، يۇرتتا تىرىكچىلىك قىلىش جاپاسىدىن قۇتۇلۇپ، مەكتەپتە ئوقۇش

پۈرستىگە ئېرىشتى، تاكى ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگىچە ئوقۇپ، خۇاشى ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ بىرىنچى قارارلىق ئوقۇغۇچىسى بولۇپ قالدى.

ئالىي مەكتەپتە ئۇ ناھايىتى يۇقىرى نەتىجە بىلەن ئوقۇدى. شۇڭا، خۇاشى ئۇنىۋېرسىتېتىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، چۈڭچىڭدا ناھايىتى ياخشى خىزمەتكە ئېرىشىپ، دىنىي جەمئىيەت ئاچقان مېھرى ـ شەپقەت دوختۇرخانىسىدا دوختۇر بولدى.

خرىستىئان دىنىدا ئىجتىمائىي ئىنجىلچىلار ۋە روھانىيەتچىلەردىن ئىبارەت ئىككى مەزھەپ ۋە مۇشۇ مەزھەپكە تەۋە ئىككى خىل شەخس بار ئىدى.

ئىنجىلچىلار دوختۇرخانا، مەكتەپ، ياشلار جەمئىيىتى قاتارلىق ئىجتىمائىي پاراۋانلىق ئورۇنلىرىنى قۇرۇش ئارقىلىق دىنىي جەمئىيەتنىڭ ئەمەلىي كۈچى ۋە تەسىرىنى كېڭەيتىشنى تەشەببۇس قىلاتتى. لى يىمىڭ دەل ئاشۇ ئىنجىلچىلار مەزھىپىگە تايىنىپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇپ دوختۇر بولغانىدى. ئۇ دوختۇر بولغاندىن كېيىن، ئۆزىدە تېخىمۇ چوڭ ئىشلارنى ۋۇجۇدقا چىقىرىش ئىمكانىيىتىنىڭ بارلىقىنى بايقىدى. ئۇ چاغدا چۈڭچىڭدا دوختۇر ناھايىتى كەمچىل ئىدى. بولۇپمۇ ياردارلار ئۈچۈن دوختۇر يېتىشمەيتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھەربىي مىلىتارىستلار ئارا يىلمۇيىل توختىماي ئۇرۇش بولۇپ تۇرغاچقا، ئۇرۇشتا يارىلانغانلاردىن چۈڭچىڭغا كېلىپ داۋالىنىدىغانلارمۇ ئاز ئەمەس ئىدى. ياردارلارنى داۋالاش سودىسىمۇ ناھايىتى ئەۋج ئالغانىدى. ئۇ مېھرى ـ شەپقەت يەتكۈزۈش دوختۇرخانىسىدا ئىشلىمەي ئۆز ئالدىغا دوختۇرخانا ئاچسىمۇ، ھەر ئايلىق كىرىمى دوختۇرخانىدىن ئالىدىغان 60 تەڭگىدىن خېلىلا كۆپ بولاتتى. لېكىن، دىنىي جەمئىيەتنىڭ بەلگىلىمىسىگە ئاساسلانغاندا، لى يىمىڭ ئە-

گەر مېھرى ـ شەپقەت دوختۇرخانىسىدىن ئايرىلىپ ئۆز ئالدىغا دوختۇرخانا ئاچسا، دىنىي جەمئىيەتكە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان چاغدىكى ئوقۇش پۇلىنى قايتۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ ئوقۇش پۇلىنى قايتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، ئالىي مەكتەپتە تىكلىگەن تالانتىغا تايىنىپ، مېھرى ـ شەپقەت دوختۇرخانىسىنىڭ تونۇشتۇرۇشى ۋە ليۇ شياڭ مىلىتارىستلىرىنىڭ چۇڭچىڭدىكى ھوقۇقدار شەخسلىرى بىلەن ئالاقە باغلاش ئارقىلىق شياۋشىزىدا يىلىن دوختۇرخانىسىنى ئاچتى. ئارقىدىن يەنە «بوستان» فوندى جەمئىيىتىنىڭ نامىدا، گۇەنيىن ئېتىكىدىكى خېلى چوڭ بىر پارچە يەرنى قولىغا كىرگۈزۈۋېلىپ، يىلىن دوختۇرخانىسىنى سالدۇردى. يەنە گۇەنيىن ئېتىكىدىكى جەزىرىدىن پايدىلىنىپ ئۆي ـ مۈلۈك سودىسى بىلەن شۇغۇللاندى. چۇڭچىڭ شەھەر قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ، يەر باھاسىمۇ ئۇچقاندەك ئۆرلەپ كەتتى. لى يىمىڭمۇ يىلدىن ـ يىلغا كۆتۈرۈلۈپ كەتتى. ئۇ بېيىغانسېرى دوختۇرلۇقنى تاشلاپ، ھەمىشە: «ئۆزۈمنىڭ تېخىمۇ بېيىشى ئۈچۈن ئادەمنى قانداق ئىشلىتىشىم كېرەك؟» دەپ ئويلىنىدىغان بولدى.

جياڭ جۇجۇننىڭ ئانىسى لى يىمىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشنى سەزمەي قالمىدى. مومىسى قېرىغانسېرى ئاغرىقچان بولۇپ قالغاچقا، ئانا ـ بالا ئىككىيلەن ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن ئىلاجىسىز ئۈچىنچى تاغىسىنىڭ ئۆيىدە تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. تاغىسىنىڭ ئايالى ئاددىيسى تاماق يېگەن چاغدىمۇ قوڭىنى چېقىپ، جياڭ جۇجۇننىڭ قولىدىكى تاماقنى تارتىۋالاتتى. جياڭ جۇجۇننىڭ ئانىسى بۇنىڭغا چىش يېرىپ بىر نېمە دېمەيتتى.

ئىككى يىلدىن كېيىن، مومىسى ئالەمدىن ئۆتتى. لى شۇنخۇا دۇڭشۇيمېندىن بىر ئېغىز ئۆينى ئىجارە ئېلىپ كۆچۈپ

كەتتى ۋە يىڭنە ئىشىغا تايىنىپ كۈن ئۆتكۈزدى. تەلىيىگە يارد-
شا، دادىسى شۇتۇڭ پاراخوت شىركىتىنىڭ بىر كېمىسىدىن
خىزمەت تاپتى. ئۆينىڭ يۈكى ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىسۈن
دەپ، ئون ياشقا كىرگەن جياك جۇجۇن بىلەن سەككىز ياشقا
كىرگەن كىچىك ئوغلىنى يېقىن ئەتراپتىكى بىر باشلانغۇچ
مەكتەپكە ئوقۇشقا بەردى. بەختكە قارشى، ئۇلار مەكتەپتە
ئوقۇۋاتقىنىغا ئەمدىلا يېرىم يىلدىن ئاشقاندا، شۇتۇڭ پاراخوت
شىركىتى ۋەيران بولۇپ، دادىسى يەنە ئىشسىز قېلىپ، ئۇلارنى
تاشلاپ يۇرتىغا كەتتى. ئاچا - ئىنى ئىككىيلەن داۋاملىق ئوقۇ-
ۋېرىشكە ئامالسىز قالدى.
ئانىسى تۆت ئورۇنغا ۋاكالەتچى قويۇپ يۈرۈپ، ئاخىرى نەن-
يەن داتۇڭ پايپاق زاۋۇتىدىن خىزمەت تاپتى. داتۇڭ پايپاق زاۋۇ-
تىدا بالا ئىشچىلارمۇ بار ئىدى. ئاپىسىنىڭ ئۆزى يالغۇز ئۈچ
جاننى بېقىپ كېتەلمەيدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەن جياك جۇجۇن
ئىنىسىنىڭ مەكتەپتە داۋاملىق ئوقۇشى ئۈچۈن ئانىسى بىلەن
بىللە پايپاق زاۋۇتىغا بېرىپ ئىشلىدى. ئىنىسى يېتىم بالىلار
ساناتورىيىسىدە باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇدى.
جياك جۇجۇننىڭ بويى بەك پاكار بولغاچقا زاۋۇتتا ماشىنىغا
بويى يەتمەيتتى. زاۋۇت ئالايىتەن ئۇنىڭغا پۇتىنىڭ ئاستىغا قو-
يىدىغان ئېگىز ئورۇندۇق تەييارلاپ بەردى. جياك جۇجۇن كىچى-
كىدىن تارتىپ ئىشچان ئىدى، ھېرىپ - چارچاش، جاپا - مۇ-
شەققەتتىن قورقمايتتى. ئۇنىڭ قولى چاققان، كۆزى ئۆتكۈر
بولغاچقا، ناھايىتى تېزلا پايپاق توقۇش تېخنىكىسىنى ئىگى-
لىۋالدى. ئۇ توقۇغان پايپاقلارنىڭ سۈپىتى چوڭ ئىشچىلارنىڭ-
كىدىن قېلىشمايتتى. ئەمما، زاۋۇتنىڭ ئۇنىڭغا بېرىدىغىنى يە-
نىلا بالا ئىشچى ئۆلچىمىدىكى مائاش ئىدى.

此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com